# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
21
يەكشەنبە
维吾尔文 6 月21日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25099 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئامېرىكا تەرەپ يېقىندا ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ھالبۇكى، پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال ئالدىدا، ھەرقانداق بوھتان چاپلاش، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتتە ھەممىگە ئايان؛ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىدىن ھەم شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلغان، ئىتتىپاق، ئىناق ۋەزىيىتىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

### چېن چۈەنگو، لىيۇ چى، شۆھرەت زاكىر، لى پېڭشىن پائالىيەتلەرگە قاتناشتى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇك، لى ياڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لىيۇ چى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىقلار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خىزمەت سۆھبىتى ۋە جياڭشى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: جياڭشى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جياڭشىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈلگە كۆرسىتىش، باتۇرلۇق بىلەن ئىلغارلاردىن بولۇش»تەك كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھ بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جياڭشىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتتىكى يېڭى يۈكسەك رەسىمنى سىزىپ چىقتى. بىز جياڭشىنىڭ ياخشى تەجرىبىسى، ياخشى ئۇسۇلى، ياخشى ئىستىلىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جياڭشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، كۈچنى كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، خەلق تۇرمۇشى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە مۇجەسسەملەپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن قەلبىدىن مىننەتدار. شىنجاڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ،
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**شىنخۇا مۇلاھىزىسى**

**ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشىغا تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالى قوشۇلمايدۇ**

>>> 2 ـ بەتتە

## پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئامېرىكا تەرەپ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر بىلەن تولغان بىر پارچە «قانۇن لايىھەسى»بىلەنلا بۇرمىلىيالمايدۇ، قارا چاپلىيالمايدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭ زادى «ناھايىتى ياخشى»مۇ، ياكى «ناھايىتى ناچار»مۇ؟ بۇنىڭدا تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئىككى خەۋەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ تارتتى: بىرىنچى، شىنجاڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى؛ ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى بارلىق نامرات ئائىلە قىرتاق شورلۇق سۇ بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل خوشلاشتى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلىش مۇساپىسىدىكى ئىككى بەلگە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش، چېتىلدىغان ئاھالە كۆپ، قاپلايدىغان رايون كەڭ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقىنى، ھەر مىللەت خەلققە بولغان چوڭقۇر كۆيۈنۈشىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ «بىر مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ» دېگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى، ئىشەنچ كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرماقتا.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## تۆنجى تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كېچىلىك ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىلىرى ئېلان قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭنىڭ** 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ كېچىلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نەق مەيداندا ئالغا سىلجىتىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بىر يىلغا يېقىن يېتىشتۈرۈش، بەرپا قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك كېچىلىك ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىلىرى تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن، تۆنجى تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كېچىلىك ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە 16 كوچىنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىنغان. ئۈرۈمچى چوڭ بازار پىيادىلەر كوچىسى، غۇلجا شەھىرى يىپەك يولى نۇرى ساياھەت بازىرى، «تىڭجوۋ ئاق كېچە شەھىرى» خۇيجيا دەۋر شەھەر ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى، گۇچۇڭ قەدىمىي شەھەر سودا كوچىسى، دۆربىلجىن ناھىيەسى شەرقىي كوچا سودا كوچىسى قاتارلىقلار تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن.

«تۆنجى تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كېچىلىك ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىلىرىنى بېكىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جايلىشىشى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى مۇكەممەل، كەسىپ ھالىتى كۆپ مەنبەلىك، باشقۇرۇشى قېلىپلاشقان كېچىلىك ئىقتىساد تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ئەسقەر تۇرسۇن.
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئەنقەر 11 كەنت ئاھالىسىنى باشلاپ ئىگىلىك تىكلىدى

**ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، لى شىڭ**

يېقىندا، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسى قۇرۇل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەنقەر مەمەت ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق ئىدارىسىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى شۆ خۇڭۋېينى ئىزدەپ كېلىپ، تەنتەنىلىك ھالدا پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىنى سۇندى. يىگىتنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپىتىنى كۆرۈپ، شۆ خۇڭۋېي مەنمۇنلۇق بىلەن كۈلدى.

بۇلتۇر يىل بېشىدا، ئەنقەر ئونسۇ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتى ئۇنىڭ شەخسىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردەم بېرىشى، يۆلىشى ئارقىلىق، ئەنقەر ئاپىسى بىلەن كىچىك تىپتىكى كىيىم ـ كېچەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، 11 كەنت ئاھالىسىنى باشلاپ بىرلىكتە ئىگىلىك تىكلىدى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

## «كونا داڭلىق ماركا» يېڭى يول ئېچىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش · كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ②

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن، پراكتىكانت جياڭ يىياۋ**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تىجارەت كەسپىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتەك قوش سىناق ئالدىدا، شىنجاڭ شىخو پىۋىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «خەۋپ» ئىچىدىن «پۇرسەت» تېپىپ، سۈپەتلىك ماركىدا يېڭىلىق يارىتىش، ماركېتىڭ يولى، ئىستېمال ئەندىزىسى جەھەتتە ئۈچ يا ئوقنى تەڭ ئېتىپ، سۈپەتلىك ماركا قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرىنى جانلاندۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مۇخبىرلار ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شىنجاڭ شىخو پىۋىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ھاراق زاۋۇتىغا كىرىشى بىلەنلا، بۇغداي ئۇندۇرمىسىنىڭ كۈچلۈك خۇش پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلدى، بىرنەچچە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقارماقتا ئىدى. ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى 1 مىليون 200 مىڭ شىخو پىۋىسى بۇ يەردىن بازارغا سېلىنىدۇ.

ھاراق زاۋۇتىدىكى بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ سىغىملىق تۈڭلۈق پىۋا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى.
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



**◀ 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كورلا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، شىنجاڭ شىخو پىۋىسى كورلا چەكلىك شىركىتىدىكى ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلەتمەكتە. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، بۇ كارخانىنىڭ 2 ـ قارارلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئەسلىدىكى 50 مىڭ توننىدىن 100 مىڭ توننغا كۆپەيتىلدى.**

□ **چېن جيەنفېي فوتوسى**

## خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادەتنى قەلبلەرنى ئىللىتتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا**

«بۇ بىرقانچە يىلدا كەنتتە ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ بولدى، ھەممە ئائىلىلەر ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، داۋالانسا ئاتچوت قىلدۇرالايدۇ، ياشانغانلار ھەر ئايدا كۆتۈنۈش پۇلى ئالىدۇ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشىلىدى!» دېدى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كۇچا شەھىرىنىڭ ئالاقاغا بازىرى باغۋەن كەنتىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى جامال مەمەت خۇشال ھالدا.

جامالنىڭ ئاددىي سۆزلىرىدىن قويۇق مىننەتدارلىق ۋە خۇشاللىق ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر يىلى مالىيە خامچوتىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى بەخت ـ سائادەتنى سىجىل ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى قەدەممۇقەدەم رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ ھەممە يېرىدە ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، ئىناق، بەختلىك ئۆتىدىغان يېڭى مەنزىرىنى نامايان قىلدى.

**ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز باشتىن ـ ئاخىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى. 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانى بويىچە ئەمەلىيەتتە 144 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تاماملىنىپ، ۋەزىپە مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈش ھالىتى ساقلاندى.

بۇ يىل، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۆكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تېخىمۇ كۆپ ياشنى بالدۇرراق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە،
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)